# ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى پارتىيەمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلىششى بولۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، ئىلمىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا جەزمەن ئالدى بىلەن پارتىيەنى ئىدارە قىلىش كېرەك، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا جەزمەن ئالدى بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلپىگە ماسلىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم، زور تېما بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى روشەن دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلىغىلى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، پارتىيەمىزنى باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە دەۋرچانلىقنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەش، مول ئىجادچانلىققا ئىگە بولۇش، شۇ ئارقىلىق سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە تولۇش كېرەك.

ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، «ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق» «پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپ» «نىشان يېتەكچىلىكى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشى» «قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش» «ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئاچقۇچ يەنىلا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق ياخشى تۇتۇشتا. ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسىنى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان پىكىر يولى ۋە تەدبىرگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، تاۋلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا قانۇنىيەتلىك تونۇشقا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئۇزاققىچە رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن كەسپىي خىزمەتنى بىرلىكتە پىلانلاش، بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، بىرلىكتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىرلىكتە تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. نىشان يېتەكچىلىكى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەم نىشاننى كۆزلەش نۇقتىسى قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك؛ ھەم مەسىلىنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلىپ، ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي تۈزۈمدىن باشلاپ چىڭىتىپ، كۈندىلىك قائىدىلەردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىدىيەۋى تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىش، شەكىل، ۋاسىتىلەردە يېڭىلىق يارىتىش، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئاچقۇچنى چىڭ تۇتقاندىلا، ھەممە ئىش يۈرۈشىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ «بەش جۈپ مۇناسىۋەت»تە، ھەم پارتىيەمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ شەكىللەندۈرگەن ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسىدە چىڭ تۇرۇلغان ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەم يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە ئاساسەن، يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىر، يېڭى چارە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى تولۇق نامايان قىلىنغان. بىز «بەش جۈپ مۇناسىۋەت» ئۆز ئىچىگە ئالغان ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھەم ھەر بىر جۈپ مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ھەم «بەش جۈپ مۇناسىۋەت»نى ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۇنى ئورتاق يۇغۇرۇپ، ھەممىبابلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

«بازغانچىنىڭ بېلى جەزمەن چىڭ بولۇشى كېرەك». پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش «بېلى چىڭ بولۇش»قا يېتىش ئۈچۈندۇر، «بېلى چىڭ بولۇش»قا يېتىش تېخىمۇ ياخشى «بازغانچى» بولۇش ئۈچۈندۇر. ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزى ئۆزىدە ئۇلۇغ ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، يېڭى دەۋر يۈكلىگەن يېڭى بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئالالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس سەنئەت نادىر ئەسەرلىرىنى يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك مەدەنىيەت تىرەكى ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭگو ئارزۇسى قاتارلىق باش تېمىلارنى زىچ چۆرىدەپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشى كېرەك. «خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىش، تۇرمۇشقا چۆكۈش»تىن ئىبارەت بۇ ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئاچقۇچلۇق، ئەڭ ئىشەنچلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشى كېرەك. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، 12 مۇقام قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە بىر تۈركۈم نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىشى ۋە يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئەخلاق ۋە سەنئەتتە كامالەتكە يېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىلغار مەدەنىيەت تارقىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شەكىل ۋە مەزمۇن ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت نادىر ئەسەرلىرى ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئۇزاق يىل تاۋلىنىشتەك قەيسەر، كۈچلۈك ئىرادە بىلەن، باشقىچە خىياللاردا بولماي، زېھنىنى يىغىپ، يەككىلەتكىلىك پەسخىكنى يېڭىپ، قول ئۇچىدا ئىشلەشكە قارشى تۇرۇپ، قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تۈزىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نامى ياڭراق، تارقىلالايدىغان، ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە غەمخورلۇق قىلىپ، ھەر مىللەت سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كاپالەت ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر كەسپلەرنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىلدۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ ئۆزئارا كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسى ئارال يېزىسى لايدائېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايپاشا ئابدۇرېھىم ۋە شۇ كەنتتىكى ئاچا - سىڭىللار كەنت قۇرغان كارخانا ئېلىپ كەلگەن پايدىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. كەنتتە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يەرگىلا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى تەس ئىدى. 2017 - يىلى، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسپلەر باغچىسى شېنجېن شەھەردىكى بىر كىيىم - كېچەك پىششىقلاش كارخانىسىنى كەنتكە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلدى، ئەسلىدە ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدىغان ئاياللارغا ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ياراتتى. «مېنىڭ ھازىر ئايدا ئىش ھەققىم بار بولدى، قانچە كۆپ ئىشلىسەم شۇنچە كۆپ ئالىمەن، يەنە چوڭلارنىڭ، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمغىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ» دېدى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئايپاشا رازىمەنلىك بىلەن.

بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىغاندىن كېيىن، ئەمگەك كۈچى زىچ كەسپلەرنىڭ شىنجاڭغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلىشىنى تېزلەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز ئېتىبار سىياسەتلىرىنى پائال چىقىرىپ، كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كارخانىلارنى شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە يېتەكلىدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كارخانىلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، باشقۇرۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى شىنجاڭنىڭ رايون ئورنى، بايلىق، سىياسەت قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە قىلىندى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇندى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىپ، رۇيى گۇرۇھى، گۋاڭشىن توقۇمىچىلىق قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپ تۈرلىرىنى جەلپ قىلىپ ماكانلاشتۇرۇپ، 80 مىڭ ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەنخۇي(سەنشيا) گۇما ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونىدا، ئەنخۇي ئۆلكىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى كىرگۈزگەن خوتەن خېيلو شەكىللىك ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ماكانلاشقاندىن كېيىن، 200دىن ئارتۇق ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارمۇ يۇرتىغا قايتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تاللىدى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يۈ جاۋيۇۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كەسىپ تەرەققىياتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زورايتىشنىڭ ئاساسى ۋە تايانچى. نۆۋەتتە، شىركەت ئىشلەپچىقارغان شەكىللىك ماتېرىيال مەھسۇلاتلىرى گۇما ناھىيەسىنىڭ ئەمشيا ئويۇروتى، ئىشىك - دېرىزە قاتارلىق كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان - چارۋىچىنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاقتۇ ناھىيەسىدە، جياڭشى ئۆلكىسى «جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىنى قوللاش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىرىپ، بىۋاستە تولۇقلىما بېرىش، قەرز پۇلىغا ئۆسۈم ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆز ئۆلكىسىدىكى كارخانىلارنى ئاقتۇ ناھىيەسىگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. ھەر يىلى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ جياڭشى ئۆلكىسىدە سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىشىغا ياردەم بەردى، نۆۋەتتە، تەخمىنەن 1 مىليارد يۈەن سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىنىپ، پامىر تۈتۈنچىلىكى، كېيىشىن دورىگەرلىكى، خۇڭلۇلەن مەتبەئەچىلىكى قاتارلىق كۆپ كارخانا قۇرۇلدى. بۇ يەردە قۇرۇلغان ئاقتۇ ناھىيەسى جياڭشى سانائەت باغچىسى «بىر رايون، ئۈچ باغچە» تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئېشىش قۇتۇپىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى 3000دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە، لياۋنىڭ ئۆلكىسى «بىر ناھىيەدە بىر سىياسەت بولۇش» «بىر كەسپكە بىر سىياسەت بولۇش» «بىر باغچە رايونغا بىر سىياسەت بولۇش» «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆربىلجىن، ساۋەن قاتارلىق بەش سانائەت باغچە رايونىنى قۇرۇپ، 35 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە 21 مىڭ ئادەم.

## ■ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى قېزىلدى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يول ئېچىلدى

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسى كەسپنى گۈللەندۈرۈشتە. شىنجاڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق چوڭ رايونى بولۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەمتۈكلۈك مەۋجۇت. كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى، داڭلىق ماركا بەرپا قىلىش، پىششىقلاش، سېتىش قاتارلىق ھالقا ھەممىدە خاس باقمىچىلىقنىڭ ھەممىسىدە چوڭ رول ئوينىدى.

كەلپىن ناھىيەسى گەزلىك بازىرى پاسۇك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاۋۇت ماموت گەرچە كىچىكىدىن باشلاپ قوي بېقىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قوي بېقىشنىڭ پايدىسىنى خۇيياڭ قويىنى باققاندىن كېيىن ھەقىقىي بىلدى. 2014 - يىلى، خۇجۇ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ سۇ، يەر، ئوت - چۆپ كەمچىل بولۇش، باقمىچىلىق تەننەرخى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم كۆپ قوزىلايدىغان» خۇيياڭ قويىنى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇجۇ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى «كارخانا+بازا+دېھقانلار ئائىلىسى» كەسپلەشكەن تىجارەت ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خۇيياڭ قويىنى تاپشۇرۇۋالغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ قويلىرىنى باقمىچىلىق بازىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن پايدا ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

2017 - يىلى، قايتا - قايتا تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىچۈن شەھىرى پىلاندىن سىرت 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى ھەم 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، بىڭتۈەن 10 - شى 183 - تۇەنىدە يىلىغا 2 مىليون خالتا ئورگانىك قارامور ئىشلەپچىقىرىدىغان زامانىۋى زەمبۇرۇغ ئۆراش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئورگانىك قارامور ئاساس قىلىنغان يېمەكلىك زەمبۇرۇغ كەسپىنى راۋاجلاندۇردى.

جىلىن ئۆلكىسى «قان بېرىش» ئارقىلىق «قان ئىشلەپچىقىرىش»نى ئىلگىرى سۈرىدىغان كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسىدە، سۈپەتلىك ئۇرۇق كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرۈش، باھالاش، تەجرىبە قىلىش، ئۆلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن قاپا دەرياسى زامانىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كىرگۈزۈش - يېتىشتۈرۈش پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇپ، كۆممىقوناق، دادۇر، شال قاتارلىق 49 خىل زىرائەتنىڭ 472 سورتىنى سىناق تېرىپ، ئاشلىق ھوسۇلى ئالغىلى ھەم يەم - خەشەك قىلغىلى بولىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق كۆممىقوناق سورتى — جىدەن 27 ۋە جىدەن 50 نى تاللاپ چىقىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرىكتۈرۈلگەن ئېكولوگىيەلىك چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش شەكلىدىكى تەمىنلەش زەنجىرىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، ھەم يەم - خەشەك بېرىپ قوتاندا بېقىشقا كېرەكلىك «چۆپ دۆۋىسى»گە كاپالەتلىك قىلدى، ھەم ئاشلىق بىخەتەرلىكىنىڭ «گۈرۈچ خالتىسى»غا ئېرىشتى.

سانجىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بازار تاپتى. سەنشى ئۆلكىسى بىلەن نىشانلىق ياردەم بېرىلىۋاتقان فۇكاڭ شەھىرى سەنشى - فۇكاڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە سېتىش دۇكىنىدىن ئونى ئېچىپ، سەنشى - فۇكاڭ ئىككى جاينىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشنى سۇپا بىلەن تەمىنلىدى؛ فۇجيەن ئۆلكىسى كارخانىنى تىجارەت سۇبيېكتى قىلغان، بازارلىشىپ مەشغۇلات قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەركىزى قۇرۇپ، گۆجۈك ئۈنى، مورى نوقۇتى قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ فۇجيەن بازىرىغا سېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

جېجياڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە «10 شەھەر، 100 دۇكان» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، شەندۇڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە «چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش» ھەرىكىتىنى يولغا قويدى، خېبېي، شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بەس - بەستە بازار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش سۇپىسى ھازىرلاپ بەردى.

## ■ ساياھەتچىلىك بوشلۇقى كېڭەيتىلدى تەرەققىياتتا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بار بولدى

كەسىپ ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، يېزا ئىگىلىككە ماس كەلسە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، سانائەتكە ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ساياھەتچىلىككە ماس كەلسە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش. نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلار ئىقتىسادىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزدى.

ساياھەت ئاۋات مەزگىلگە كىرگەندىن كېيىن، پوسكام ناھىيەسىنىڭ بويلۇق تاجىك يېزىسى بويلۇق كەنتىدىكى تۇرغۇن نىياز قاتارلىق پۇقراۋى قونالغۇ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سودىسى قىزىپ كېتىپ، تۇغقانلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پوسكام ئالتۇن توغراق مەنزىرە رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساياھەتچىلىك ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، شاڭخەي شەھىرى يول بويىدىكى تاجىك ئۆرپ - ئادەت بازىرىنى پىلانلاپ قۇرۇشتىن، شاڭخەي جىڭدى ھەممىباب ئاۋىياتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى كىرگۈزۈپ تۆۋەن بوشلۇق ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقىچە، ئالتۇن توغراق مەنزىرە رايونىنى دېھقان - چارۋىچىلارغا بايلىق ئېلىپ كېلىدىغان گۆھەر جايغا ئايلاندۇردى.

كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە خاس ساياھەت بايلىقىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ 1-، 2-، 3- كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېقىندا ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جېجياڭ دېلىتىسى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىغىنىدا، جېجياڭ دېلىتىسى رايونىدىن كەلگەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرى، ساياھەت كوپىراتىپى سودىگەرلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەرەققىيات چوڭ پىلانىنى تۈزدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، خېنەن ئۆلكىسى كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىكىر يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ساياھەتچىلەر مەنبەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسىنى ئورناتتى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ساياھەت مەخسۇس پويىزى سانى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، 2018 - يىلى ساياھەت مەخسۇس پويىزى 69 قېتىم قاتناپ، 44 مىڭ 840 ساياھەتچىنى توشۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

ساياھەتچىلىك تۇرپان شەھىرىنىڭ تۈۋرۈك كەسپلىرىنىڭ بىرى، خۇنەن ئۆلكىسى تۇرپان شەھىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش جەريانىدا، «كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» «ئىككى باشنى تۇتۇش، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىش»كە ئەھمىيەت بېرىپ، 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىپ، پىلان ئىچىدىكى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈردىن بەشنى، پىلان سىرتىدىكى تۈردىن ئالتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىش، ساياھەت ئىستېمالىنى كېڭەيتىش جەھەتتە دەل جايىدا كۈچەپ، تۇرپان شەھىرى ساياھەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

لى پېڭشىن سۇچىلىق نازارىتىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق ئىشتابىدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق سىستېمىسى ۋە سۇ، يامغۇر ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى مېتېئورولوگىيە، ھىدرولوگىيە، ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەم مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كۈچەپ ئۆگىنىشنى تۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، سۇچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زور كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، زور كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، زور خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىك، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن نۆۋەتچىلىك قىلىش ۋە 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشى ۋە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇ ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتلام - دەرىجىگە ئايرىپ، ۋادىغا ئايرىپ، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا رايى ۋە كەلكۈن ئەھۋالى، سۇ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش، تەھلىل قىلىش ۋە كېڭەششىنى كۈچەيتىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، بالدۇر ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كۈچ تەشكىللەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خەۋپ - خەتىرى، يوشۇرۇن خەۋپ ۋە ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا تور يېيىش شەكلىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش كېرەك. سۇ ئامبىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سۇ ئامبىرىدىن سۇ قويۇپ بېرىش ئىنشائاتى، تۇغان قاتارلىقلارنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك پارتكوملارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتى ئايدىڭ بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، ۋەزىپىنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلەشكەن، توغرا يۆنىلىشتە چېتىكچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە بولغان مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، قوماندانلىق سىستېمىسى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: بىرتۇتاش پىلانلاپ لايىھەلەش، قاتلامغا، قەدەمگە بۆلۈپ يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مېتېئورولوگىيە، ھىدرولوگىيە، سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئۇچۇرلار بىرگەۋدىلەشكەن سانلىق مەلۇمات سۇپىسى ۋە تۈرلۈك سۇ ئامبىرى، دەريا يولى، توسمىلارنى قاپلىغان سۇ ئەھۋالىنى سىنلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى تېزدىن قۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى پەن - تېخنىكىلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنىڭ ياخشى قوغدىغۇچىسى بولۇش كېرەك.